ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

ئالتاي ۋىلايىتى:

دومبىرا چېلىپ ياخشى تۇرمۇشنى كۈيلەش

☐ مۇخبىرىمىز جاڭ تىڭ

«ۋەتەن بىزنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئۇلۇغ بۆشۈك، گۈزەل بۇرۇلتوقاينىڭ بىپايان تۇپرىقىنىڭ ھەممىلا يېرى كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. ‹ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش›نى قەلبىمىزگە پۈكىمىز، ۋەتەننى خۇددى كۆز قارىچۇقىمىزنى سۆيگەندەك سۆيىمىز...» 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، بۇرۇلتوقاي ناھىيەسى يەتتە ئارال بازىرىنىڭ دومبىرا لېكسىيە سۆزلەش كىچىك ئەترىتى ئالغا كەنتىگە كېلىپ، بىر مەيدان ئۆزگىچە ئوقۇش - يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. چارۋىچى پارتىيە ئەزاسى قىيىپادوللا مۇقامەتيار مۇنداق دېدى: «دومبىرا چېلىپ ناخشا ئېيتىش شەكلى بىلەن باش تېما تەربىيەسىدىن لېكسىيە سۆزلەش تۇرمۇشقا يېقىن، ئەمەلىيەتكە يېقىن، ئاممىغا يېقىن بولۇپ، ھەممىمىز بەك ياخشى كۆرىمىز».

ئالتاي ۋىلايىتى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدىن لېكسىيە سۆزلەش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، بىرقەدەر يۇقىرى سىياسىي ساپا، ئەدەبىيات - سەنئەت قابىلىيىتى، لېكسىيە سۆزلەش ئىقتىدارى ۋە دومبىرا چېلىپ ناخشا ئېيتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى، مۇنەۋۋەر ياش - ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار قاتارلىقلارنى تاللاپ 104 ئەل ئىچى دومبىرا لېكسىيە سۆزلەش كىچىك ئەترىتىنى تەشكىللەپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتى قاتارلىقلارنى ناخشا قىلىپ يېزىپ چىقىپ، ئاممىباب، ئاممىغا يېقىن تىل بىلەن دېھقان - چارۋىچىلار ئاممىسىغا تەشۋىقاتنى قانات يايدۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، قەلبلەرگە سىڭىشىگە، ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولدى.

كۆكتوقاي ناھىيەسىنىڭ دۇرە بازىرى يوۋسى كەنتىنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەت ئۆيىدە مۇزىكا ساداسى، ئالقىش سادالىرى ئۈزۈلمەيتتى، كەيپىيات ئىنچىل ناھايىتى يۇقىرى بولدى، بۇ كەنتنىڭ دومبىرا لېكسىيە سۆزلەش كىچىك ئەترىتى دومبىرا چېلىپ ناخشا ئېيتىش شەكلىدە ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىدىن لېكسىيە سۆزلىدى. «ئوقۇغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ھەقىقىي تەسىراتىم ئارقىلىق يۇرتداشلارغا بىز بەھرىمەن بولۇۋاتقان مائارىپ ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قاتارلىق سىياسەتلەردىن لېكسىيە سۆزلەشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى ئەترەت ئەزاسى دىدار ئاقىن.

«دومبىرا لېكسىيە سۆزلەش كىچىك ئەترىتىنىڭ لېكسىيە مەزمۇنى جانلىق بولۇپلا قالماي يەنە ئاممىغا يېقىن. بىز مۇشۇنىڭغا ئوخشاش لېكسىيە سۆزلەش شەكلى ۋە تەربىيەلەش شەكلى ئارقىلىق ‹نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش›نىڭ قىشلىق ھۇجۇمىنى پۇختا قىلىشنى، نەتىجە - ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى يوۋسى كەنتىنىڭ 1 - شۇجىسى لىناش.

ھازىرغا قەدەر، كۆكتوقاي ناھىيەسى دومبىرا لېكسىيە سۆزلەش كىچىك ئەترىتىدىن 15نى تەشكىللەپ، 120 مەيدان قېتىمدىن ئارتۇق تۈرلۈك لېكسىيە سۆزلەشنى قانات يايدۇردى. 2020 - يىلى، كۆكتوقاي ناھىيەسى تەجرىبىلەرنى پائال يەكۈنلەپ، دائىملىق، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم ئورنىتىپ، دومبىرا لېكسىيە سۆزلەش كىچىك ئەترىتىنىڭ كۆلىمى ۋە قاپلاش دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ھەممە كەنتتە كىچىك ئەترەت بولۇش، ھەممە كەنتتە لېكسىيە سۆزلەش ياخشى سادالىرى بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

«ئەسلى مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش كېرەك، كوممۇنىستلارنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچى جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش، بۇنى كۆپچىلىك ئېسىدە چىڭ ساقلىشى كېرەك...» ئالتاي شەھىرىنىڭ چاشۇ كوچا باشقارمىسى چاشۇ مەھەللىسىنىڭ يىغىن زالىدا، تەشۋىقاتچىنىڭ دومبىرانى تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتىش شەكلىدىكى لېكسىيەسى نەق مەيداندىكى تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

چىڭگىل ناھىيەسىدىكى دومبىرا لېكسىيە سۆزلەش كىچىك ئەترەتلىرى ھەربىر يېزا - كەنت ۋە چارۋىچىلىق رايونىدا جانلىنىپ كەتتى. لەرزان دومبىرا ئاۋازى ياڭرىغاندا، كىچىك ئەترەت ئەزالىرى ئاقىنلار ئېيتىشىشى شەكلىدە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك نامراتلارنى يۆلەش سىياسەتلىرى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش تەدبىرلىرى قاتارلىقلارنى ناخشا تېكىستى قىلىپ تۈزۈپ، دېھقان - چارۋىچىلارغا يۈزتۇرا ئېيتىپ بەردى. ئارال بازىرى لاستى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى قاپاز كاكاشا مۇنداق دېدى: دومبىرا چېلىپ سۆزلەنگەن لېكسىيەنى بىز ياقتۇرۇپ ئاڭلايمىز، ئارتىسلار ياخشى ئېيتىدۇ، ئېسىمىزدە ئېنىق قالىدۇ».

دومبىرا لېكسىيە سۆزلەش كىچىك ئەترىتى دائىم كەنتلەرگە بېرىپ، ئائىلىلەرگە كىرىپ لېكسىيە سۆزلەشنى قانات يايدۇردى، نامراتلارنى يۆلەشكە دائىر قانداق سىياسەتلەر بار، چارۋىچىلىق، باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا قانداق يۆلەش تەدبىرلىرى بار، كەنتكە قانچە يول چىرىغى ئورنىتىلدى... لېكسىيە سۆزلەش كىچىك ئەترەتلىرىنىڭ ناخشا ۋە مۇزىكىلىرىغا بەختلىك تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئىشلار «يوشۇرۇنغان».

ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى دوۋ چاۋخۇي مۇنداق دېدى: «ئالتاي ۋىلايىتى باش تېما تەربىيەسىدە، دومبىرا لېكسىيە سۆزلەش كىچىك ئەترەتلىرىنىڭ تەربىيەنى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە سىڭدۈرۈش قاتارلىق كۆپ خىل مەدەنىيەت شەكلىنى قوللىنىپ، دېھقان - چارۋىچىلار ئاممىسىغا مۇلازىمەت قىلىشقا ئىلھام بېرىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتتە يېڭىلىق يارىتىشقا، ئاممىغا يېقىن، كەڭ تارقىلىدىغان، ساقلاپ قالغىلى بولىدىغان تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى تىرىشىپ ئىجاد قىلىشقا تۈرتكە بولدى».

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭغا قارا چاپلايدىغان ھەرقانداق گەپ - سۆزلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق زەئىپ كۆرۈنىدۇ.

بۇلتۇر، نۇرغۇن چەت ئەل ئەلچىلەر ئۆمىكى، مۇخبىرلىرى شىنجاڭغا زىيارەتكە كەلدى، ئۇلار شىنجاڭدىكى ئۆزگىرىشنى كۆردى ۋە ھېس قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئەزاسى ئوبۇلقاسىم مەتتۇرسۇن مۇنداق بىلدۈردى: ئامېرىكا تەرەپنىڭ شىنجاڭغا خالىغانچە بوھتان چاپلىشى، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىشى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بىردەك لەنىتىگە ئۇچرىدى. بىز چوقۇم باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە ماس قەدەمدە كىرىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئەزاسى ساۋۇتجان ئابلىمىت بىر دىنىي زات بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېدى: «مەيلى قانداق ۋاقىتتا بولسۇن، شىنجاڭنى قالايمىقان قىلىش خام خىيالدا بولغان ھەرقانداق سۇيىقەست ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى باشتىن - ئاخىر بىردەك ئۇيۇشۇپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بەختلىك تۇرمۇشىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز».

ھازىرقى كۈنلىرىمىز ھەسەلدىنمۇ تاتلىق

«ھازىرقى كۈنلىرىمىز ھەقىقەتەن ھەسەلدىنمۇ تاتلىق.» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئامانتاي يېركىن دۆربىلجىن ناھىيەسىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئۇش قارا سۇ بازىرى چەتبۇلاق كەنتىنىڭ كەنت دوختۇرى. ئۇ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت كەنت داۋالاش ئۆيلىرىگە داۋالاش ئەسلىھەلىرىنى تولۇق سەپلەپ بەردى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كېسەل كۆرستىش خىراجىتى داۋالىنىش سۇغۇرتىسىدىن ئاتچوت قىلىنىدىغان بولدى، «ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى» پاراۋانلىقىدىن بەھرىمەن قىلىندى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى مەمەتنىياز تۇرسۇن ئىلگىرى ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇشتىن توختاپ قالاي دېگەندى، شۇ جايدىكى كادىرلار بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوقۇش پۇلىنى غەملەپ، ئۇنىڭ داشۆنى پۈتكۈزۈشىگە ياردەم بەردى. مەمەتنىياز تۇرسۇن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بۈگۈنكى شىنجاڭدا خەلق خاتىرجەم ياشىماقتا، ئوقۇش، كېسەل كۆرستىش، كۈتۈنۈشنىڭ ھەممىسى كاپالەتكە ئىگە، تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشى ئۆتمەكتە».

«ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، مەن تىجارەت قىلىپ كارخانا قۇرۇپ، يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرۈپ، قەدەممۇقەدەم يېتىلىپ، بۈگۈنگە قەدەر كۆلەم شەكىللەندۈردۈم. كۆپ يىل پارتىيەنىڭ تەربىيەسىنى ئالغان بىر پۇقراۋى كارخانىچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ھەرقانداق ئادەم، ھەرقانداق كۈچنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل يۇرت - ماكانىغا بوھتان چاپلىشىغا، بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا قەتئىي چىداپ تۇرالمايمەن!» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى خەن جيەنگاڭ قەتئىي ھالدا.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى جۈرئەت قۇربان خىزمەت قىلىۋاتقان شىنجاڭ چيۆەن تيەنخې چەكلىك مەسئۇلىيەت بوغالتىرلار ئىش بېجىرىش ئورنى خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، موڭغۇل قاتارلىق كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان چوڭ كوللېكتىپ. جۈرئەت قۇربان مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ ئىشەنچىمىز بار، ئىرادىمىزمۇ بار، ھەرقايسىمىز ئۆز خىزمەت ئورنىمىزدا ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلىپ، گۈزەل دەۋرنى قەدىرلەپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن سەپسەتىلەرگە رەددىيە بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ كۈچىنى بېغىشلايمىز».

ئىشەنچنى چىڭىتىپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتنىڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى قوغدايمىز

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى قۇربان ئىبىزىز خوتەن ناھىيەسىنىڭ بۇزاق يېزىسى توخۇلا كەنتىدە «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇۋاتىدۇ. بۇ بىرنەچچە يىلدا، ئۇ ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، نامراتلارنى يۆلەش ئىشلىرىغا ئاتلاندى، تەسىراتى ناھايىتى چوڭقۇر ھەم كۆپ بولدى. بۇلتۇر قۇربان ئىبىزىز تۇرۇشلۇق كەنت نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ قالپاقنى تاشلىغاندىن كېيىن، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت «قوش سۇغۇرتا»نى يولغا قويدى، ھەممە ئائىلىنىڭ شۇغۇللىنىدىغان كەسپى بار بولدى. «كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يانچۇقى بارغانسېرى تومپايدى، كۆپچىلىكنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىم، تەرەققىي قىلىۋاتقان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى ياخشى قوغداش ئاساسى، ئىشەنچى، ئىقتىدارى بار» دېدى قۇربان ئىبىزىز.

ئاياللار ئەرلەردىن قېلىشمايدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى گۈلجايىنار خۇمارنىڭمۇ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچى تولۇپ تاشقان. ئۇ مۇنداق بىلدۈردى: ھەر مىللەت ئاياللار ئاممىسىغا پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسەتلىرىنى پائال تەشۋىق قىلىپ، «يېرىم دۇنيا»نى بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىشقا يېتەكلەپ، ئەر قېرىنداشلار بىلەن بىرلىكتە قول تۇتۇشۇپ كۈرەش قىلىپ، تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى مەمەتجان ئابلا مۇنداق دېدى: «مەن ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، ئۆزۈمنى گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش ئىشلىرىغا ھەقىقىي سىڭدۈرىمەن».

(گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى ياۋ تۇڭ، جاڭ يۈنمېي، خې خۇڭۋېي، مېھرىگۈل غوپۇر، شې خۇيبيەن، لياڭ لىخۇا، ۋاڭ يۇڭفېي، ليۇ شياڭ، يۈەن لې، جاڭ يەنفاڭ يېزىشقا قاتناشقان)

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

كېرىيە ناھىيەلىك تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى ئەلجان مەتروزى:

يالغان - ياۋىداق سۆزلەرگە ئاسانلا ئىشىنىپ، جىنايەت يولىغا كىرىپ قالغىلى تاس قالدىم

ئاغزاكى بايان خاتىرىسى

مېنىڭ ئىسمىم ئەلجان مەتروزى، بۇ يىل 24 ياشقا كىردىم، كېرىيە ناھىيەسى شۆۋۇل يېزىسى قوچقاچباغ كەنتىدىن.

ئون نەچچە ياش ۋاقتىمدا، بىرەيلەن مېنى قانۇنسىز تەبلىغ ئاڭلاشقا ئېلىپ باردى. كېيىن مەن ئاڭلاشقا خۇمار بولۇپ قالدىم، ئۇلار چاقىرمىسىمۇ، بۇنداق يەر ئاستى تەبلىغ ئېيتىش سورۇنلىرىنى ئۆزۈم ئىزدەپ بارىدىغان بولدۇم. مەن دەسلەپتىكى بىر ئىشىنىپ بىر ئىشەنمەسلىكتىن تولۇق ئىشىنىشكە ئۆتتۈم، بارا - بارا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، مىجەزىم غەلىتە بولۇپ قالدى، «كاپىر»لار بىلەن ئارىلىشىشنى خالىمىدىم. كوچىلاردا مودا ياسىنىپ يۈرگەنلەرنى كۆرۈپ نۇرغۇن قېتىم ئۇلارنى ئەيىبلىدىم، ھەتتا ئۇلارنى ھاقارەتلىدىم، ئۇلارغا تۈكۈردۈم. كۈنلەر ئۇزارغانسېرى ئەتراپىمدىكى دوستلىرىم بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى، ئۇلار بىر - بىرلەپ مەندىن ئۆزىنى قاچۇردى، مېنىڭمۇ كارىم بولمىدى، ھە دېسىلا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچراپ، بارغانسېرى تەلۋىلەشتىم.

بىر قېتىم مەن ئاشخانىدا تاماق يەۋاتقاندا، يالغۇز ھاراق ئىچىۋاتقان بىر كىشى ئېھتىياتسىزلىقتىن ئىشتىنىمغا ھاراقنى چاچرىتىۋەتتى، مېنىڭ بەك ئاچچىقىم كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئاشخانىنىڭ ئارقا زالىغا ئېتىلىپ كىرىپ چەيدونى ئېلىپ ئۇنى چاناماقچى بولدۇم. ھېلىمۇ ياخشى بىر دوستۇم قولۇمدىكى چەيدونى ۋاقتىدا تارتىۋالغاچقا، ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىپ قالدىم. كېيىن كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ نەسىھەتى بىلەن، ئائىلەمدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كېرىيە ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە ئۆگىنىشكە كەلدىم.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بارغاندىن كېيىن، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى ۋە قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئىدىيەۋى تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدىم. قانۇن - نىزاملارنى ئۆگەنگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۆزۈمنىڭ ئاللىقاچان جىنايەت يولىغا ماڭغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەلىم بېرىشى ۋە ئۆزۈمنىڭ جاپالىق تىرىشىشى بىلەن، مېنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى سەۋىيەم زور دەرىجىدە ئۆستى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن يەنە چارۋىچىلىق، باقمىچىلىق كەسپىنى ئۆگىنىشنى تاللاپ، ئىلمىي باقمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئىگىلىدىم.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، مەن ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆيگە قايتتىم. بىر قېتىم ھەپتە ئاخىرىدا، مەن ئۆيىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ كىرىپ ھويلىغا كۆمۈر دۆۋىلەپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۈم، يەنە گۆشنىڭ مەززىلىك پۇرىقىنى پۇرىدىم. مەن ئاشخانىغا كىرىپ، قازاندا قايناۋاتقان قوي گۆشىنى كۆردۈم. بۇ چاغدا ئاپام مېھمانخانىدىن چىقىپ ماڭا: «ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلار قىشلىق كۆمۈر ۋە قوي گۆشى ئەكېلىپ بەردى، دېدى. بۈگۈن قايتىپ كېلىدىغانلىقىمنى بىلىپ، ئاپام قوي گۆشىنى پىشۇرۇپتۇ. مەن ئەينى ۋاقىتتا تەسىرلەنگىنىمدىن گەپمۇ قىلالماي قالدىم.

ھەر قېتىم ئۆيگە قايتقاندا، مەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاتا - ئانامغا ياردەملىشىپ دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلدىم، مەكتەپتە ئۆگەنگەن كەسپىي بىلىملەرنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ، ئىلمىي باقمىچىلىق ئۇسۇلى بىلەن قوي باقتىم. ئاتا - ئانام مەندىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇلار مۇنداق دېدى: ھازىر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ساڭا مۇشۇنداق ياخشى ئۆگىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى، كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ، ئۆگەنگەن بىلىم ۋە ماھارەتلىرىڭنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا ئىشلەتكىن.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئۆگىنىش ئارقىلىق، مەن ئۆزۈمدىكى مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئۆزگىرىش بولدى. مەن ئۆيگە قايتىپ تۇغقان يوقلىغاندا، تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەن بىلىملىرىمنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشتىم.

تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەن يېزىغا قايتىپ كېلىپ، دەسلەپتە بىر كارخانىدا باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندىم، كېيىن يېزا كادىرلىرى مېنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى سەۋىيەم بىلەن كومپيۇتېر ئىقتىدارىمنىڭ بىرقەدەر ياخشى ئىكەنلىكىنى، توختام قانۇنىنى بىرقەدەر ئەتراپلىق ئىگىلىگەنلىكىمنى، ئەتراپتىكى ئامما بىلەن بولغان ئالاقەمنىڭ بىرقەدەر راۋان ئىكەنلىكىنى بايقاپ، مېنى كەنت ئاھالە كومىتېتىدا ۋەزىپىگە قويدى، ئاساسلىقى ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش ۋە ياشلارنى تەربىيەلەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئەمگەك توختامى ۋە يەر ئۆتۈنۈپ بېرىش توختامى تۈزۈشتە يولۇققان مەسىلىلىرىنى ھەل قىلدىم.

ھازىر مەن ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇشىدىن بەك رازى. بۇنىڭدىن كېيىن مەن تېخىمۇ تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، ئائىلىدە ئاتا - ئانامغا ۋاپادار ياخشى ئوغۇل، ئائىلىگە كۆيۈنىدىغان ياخشى ئەر، ياخشى دادا بولۇپ، ئۆگەنگەن قانۇن بىلىملىرىمدىن پايدىلىنىپ، كەنتتە ئۆز ئارتۇقچىلىقىمنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىمەن.

(گېزىتىمىز مۇخبىرى جېڭ جو رەتلىگەن)

(بېشى 1 - بەتتە)

«مەنزىرە ئىچىدە كەنت، كەنت ئىچىدە مەنزىرە بار، كەنتىمىزنى كىممۇ گۈزەل دېمىسۇن!» ئالتۇن توغراق ئۇزاق ئۆمۈر مىللىي ئۆرپ - ئادەت، مەدەنىيەت كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى لى شياۋيەن مۇنداق دېدى: «ساياھەتچىلىك تەرەققىي قىلدۇرۇلغاندىن بۇيان، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2000 - يىلىنىڭ بېشىدىكى 700 يۈەنگىمۇ يەتمەيدىغان ھالەتتىن بۇلتۇر 13 مىڭ يۈەنگە يەتتى».

«كەنتىمىزنىڭ گۈزەللىشىۋاتقانلىقىنى، سۈيىنىڭ سۈزۈكلىشىۋاتقانلىقىنى، ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشمۇ بىر خىل بەخت» دېدى كەنت ئاھالىسى ھاۋۋىز ئادىل بوۋاي خۇشال ھالدا.

مەدەنىيەت كەنتىنىڭ بۇنداق سەھرا مەنزىرىسىنى ساقلاپ قېلىشى شاڭخەي شەھىرىنىڭ نىشانلىق ياردەم بەرگەنلىكىدىن بولغان. شاڭخەيلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۈچەپ جان كىرگۈزۈشى بىلەن قەدىمىي، ئۇلۇغ، راھەت، ئازادە بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بۇ كەنت تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

يەكەن دەرياسى ساھىلى دېھقانلار ئارامگاھىنىڭ خوجايىنى نۇرچەمەن تۇرۇپ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «كەنتىمىزگە كېلىدىغان ساياھەتچىلەر يىلدىن - يىلغا كۆپىيىۋاتىدۇ، بىز بىر يىلدا 200 مىڭ يۈەن كىرىم قىلالايدىغان بولدۇق. ساياھەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى نەپكە ئېرىشتى».

بۇ كەنتتە 86 ئائىلىلىك 386 كەنت ئاھالىسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە 126 كىشى ساياھەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ساپال بۇيۇملار، قول ھۈنەر بۇيۇملىرى، تۆمۈر بۇيۇملار، ياغاچ بۇيۇملار قاتارلىق خاس ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى ئاساس قىلغان ساياھەت مۇلازىمىتى كەسپىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈپ، «ھەممە ئائىلىلەر تىجارەت قىلىش، ھەممە ئائىلىلەردە خاسلىق بولۇش»تەك ساياھەتچىلىكتىكى قىزىق نۇقتا كەنتكە ئايلاندى.

— «مەن كەنتتە ئۈستى ئوچۇق ئات ھارۋىسى ھەيدەپ ساياھەتچىلەرنى توشۇپ، بۇلتۇر 37 مىڭ يۈەن پۇل تاپتىم.» ھاۋۋىز كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «كەنتتە ئات ھارۋىسى ھەيدەيدىغان كەنت ئاھالىسىدىن 25 كىشى بار، كۈنلىرىمىز بارغانسېرى ئۈمىدكە تولۇۋاتقاندەك ھېس قىلىمىز، كەيپىياتىمىزمۇ بارغانسېرى ياخشى بولۇۋاتىدۇ».

ھاۋۋىز پوسكام ناھىيەسى دۆلەت ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشچىسى بولۇپ، ياش ۋاقتىدا ئات بېقىشنى، ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشنى ياقتۇراتتى، ياشىنىپ قالغاندا كەسكىن تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشالمايدىغان بولۇپ قالدى، دەل شۇ چاغدا كەنتتە ھارۋىكەش زۆرۈر بولۇپ قالدى، ئۇ ھۆكۈمەت بەرگەن 5000 يۈەن ياردەم تولۇقلىمىسىغا بىر ئات ھارۋىسىنى چىرايلىق ياساپ، ئۆزىنىڭ ئېگىز ئېتىنى قېتىپ، ھەر كۈنى ساياھەتچىلەرنى مەنزىرە رايونلىرىغا ئاپىرىپ ئويناتتى.

«كەنتتە ساياھەتكە كېلىدىغانلار كۆپەيسە، بىزنىڭ دوستلىرىمىزمۇ كۆپىيىدۇ.» ھاۋۋىز گەپ قىلغاچ «ئۆمۈر» دېگەن سۆز يېزىلغان بىر ھۆسنخەتنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى: «بۇ، بۇلتۇر 8 - ئايدا داڭلىق خەتتات، رەسسام ۋاڭ يەنىيەن ئەپەندىنىڭ ماڭا ئەۋەتكەن سوۋغىسى».

ھاۋۋىز بىزنى باشلاپ كەنتنى سەيلە قىلدۇردى، كۆز ئالدىمىزدا كەڭ، ئازادە يوللار، رەتلىك، پاكىز مەھەللىلەر، قايناق - تاشقىنلىققا چۆمگەن مەدەنىيەت ئۆيلىرى نامايان بولدى...

لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قار توختىدى، قۇياش بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىقىپ، زېمىنغا نۇرىنى چاچتى، ئالتۇن رەڭلىك قارلىق دالا ۋە كۆك نۇر چېچىپ تۇرغان دەريا سۈيىدىن ئوخشاش بولمىغان قاتلاملىدىكى رەڭلەر ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. دەل شۇ پەيتتە، ھاۋۋىز بوۋاي كۆزىنى قىسىپ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «قاراڭ، قىش كۈنلىرىدىمۇ بىزنىڭ كەنتىمىزدە باشقا يەردىكىلەر ئاسانلىقچە كۆرەلمەيدىغان گۈزەل مەنزىرىلەر بار!»

«ھازىر ئالتۇن توغراق ئۇزاق ئۆمۈر مىللىي ئۆرپ - ئادەت، مەدەنىيەت كەنتى قەشقەر ئېكولوگىيە ساياھىتىدىكى داڭلىق كەنت بولۇپ قالدى.» لى شياۋيەن مۇنداق بىلدۈردى: بۇنىڭدىن كېيىن كەنتىمىز يۇمشاق، قاتتىق دېتال ئەسلىھەلىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەنتىمىزنىڭ ئالتۇن خەتلىك ۋىۋىسكىسىنى تېخىمۇ چاقنىتىپ، تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىسىنى ساياھەتچىلىكتىن ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرىمىز.

(بېشى 1 - بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى بىر تۈرلۈك دائىم بوشاشماي تۇتىدىغان مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانى ئارقىلىق ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇپ، بارلىق خىزمەتتە دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، باش نىشانى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، باش نىشانغا مۇلازىمەت قىلىش، بويسۇنۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەشنى مەقسەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭغا ئومۇميۈزلۈك ياردەم بېرىش، شىنجاڭغا دەل جايىدا ياردەم بېرىش، شىنجاڭغا ئۇزاققىچە ياردەم بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە، كەسىپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاشقا، ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇشقا، مەدەنىيەت ئارقىلىق شىنجاڭنى ئوزۇقلاندۇرۇشقا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈچەپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىدىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە پۇختا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت، ھەرقايسى ياردەمگە ئېرىشكۈچى ئورۇنلار شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى شىنجاڭنىڭ پۈتۈن ۋەزىيەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، چوڭ ۋەزىيەت ئېڭى، مەسئۇلىيەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مۇلازىمەتنى ياخشى قىلىپ، باشقۇرۇشنى ئەلالاشتۇرۇپ، كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىگە ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك؛ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ يۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمى، رەھبەرلەر ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى، تۈر باشقۇرۇش مېخانىزمى قاتارلىق خىزمەت مېخانىزملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىنى تۈزۈم - مېخانىزم جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك؛ ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇشتەك ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق كىشىلىك ھايات سەھىپىسىنى پۈتۈشى كېرەك.

ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن ياڭ يۇڭ، ياۋ شىنمىن يىغىنغا قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)